

# تۇتۇق بەرمەيدغان قز

## قىسقىچە مەزمۇنى

كەنتتە بىرلىشىپ سۇ ئامبىرى ياساش ئۈچۈن كۆپچىلىك چاغاننىڭ ھارپاكۈنى ئاخشىمىغىچە دەم ئالمىدى. ۋاڭ داشىر ھەدە كويۇنۇپ، ئېرى بىلەن قىزىنى دەم ئېلىۋېلىڭلار دىمەكچى ئىدى، ئەمما ئۇلار تۇيدۇرماستىن ئىش ئورنىغا كەتكەن ئىدى. ۋاڭ داشىر ھەدە ئىزدەپ ئىش ئورنىغا باردى، ئەمما چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەشنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ئۇ ئۆزىمۇ سۇ ئامبىرى ياساشقا كىرىشىپ كەتتى.

بۇ كىتاپ خەلق سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958 - ژىل
9 - ئايدا بېيجىڭدە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى
باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.
本書根据人民美术出版社1958年9月北京第一版第一次印刷版本譯出



1957 ـ يىلىنىڭ قىش پەسلىدە پۈتۈن خەلقىمىز
ئىشلەپچىقىرىش بويىچە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش دول-
قۇنىنى كۆتۈرۈۋەتتى. دېخانچىلىق كوئوپېراتىۋىدىن
ۋاڭ داشۇ تاغا بىلەن ئۇنىڭ قىزى شاڭفۇڭ سۇ ئامبىرى
قۇرۇلۇشىغا قىزغىن قاتناشتى.



چاغاننىڭ هارپا كۈنى ئاخشىمى ۋاڭخاشىرهەدە تاقەتسىزلىنىپ تالاغا چىقتى، ئۇ، ئۆيدىكىلەر بۈگۈن كېچە ئۇبدانراق دەم ئالسا، ئەرتە چاغاننى ياخشى ئۆتكۈزسەك دېگەن ئويدا ئىدى، ئۇ بىر هازاغىچە ساخلىدى، ئەمما، ئۇلار قايتىپ كەلمىدى، بۇ ۋاڭداشىر هەدىنى هەقىقەتەن بىر ئاز بىارام قىلدى.



دەل شۇۋاختتا ۋاڭ داشۇ تاغا بىلەن شاڭفۇڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئايىلىنىڭ ئىككىسى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى پۈتمەي قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر يېغىپ قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىنمۇ قورقاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كۆپچىلىك بىلەن بىللە هارپا كۈنى كېچىسىمۇ ئىشلەشكە، چاغاندىمۇ دەم ئالماسلىققا قارار قىلىشتى.



ئاتا ـ بالا ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن تەڭ، ساقلاپ
بىتاقەت بولغان ۋاڭداشىر ھەدىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:
«توخۇمۇ قىچقارمىدى، تاڭمۇ ئاتمىدى، قايتىپ كېلىپ
نىمە قىلاتتىڭلا؟...سۇ ئامبىرى ياسىساڭلار بولمامدۇ،
قوساقنىڭ نىمە كېرىگى بار؟».



ئاتا ـ بالا ھېچقايسىسى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى .
ۋاڭداشېر شاڭفۇگىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى سىلاپ
كورۇپ، قولىنىڭ قاپىرىپ قان ئۇيۇپ قالغانلىقىنى كوردى ـ
دە، ئىچى ئاغرىپ: «شاڭ فۇڭ! سەن تېخى كىچىك
تۇرساڭ، مۇنداق جاپاغا قانداقمۇ چىدايسەن» ـــ دېدى.



شاڭفۇگىنىڭ خىيالى سۇ ئامبىرىدا بولغاشقا ئانى-
سىنىڭ گېپى ئۇنىڭ قۇلۇغىغىمۇ كىرمىدى. ئۇ، ئاتىسى
بىلەن بالدۇرراق ئىشقا بېرىشنى ئويلاپ ھەدەپ تاماق
يېيىشكە بېرىلىپ كەتتى، تاماقنى يەپ بولاي دېگەندە،
ئانىسىغا بۇگۈن كېچە ئاتىسى بىلەن يەنە سۇئامبىرى
ياساشقا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.



ۋاڭداشىر ھەدە قاپىغىنى تۈرۈپ : «بۈگۈن ھېچ‑
يەرگە بارمايسەن، كونىلارنىڭ ژىل ئاخىرىدىكى كۈندە
غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن بۇ سۆغا ئاتلىماسلىق كېرەك،
ھارپا كۈنى ئىش قىلسا، ئۆمۈر بويى گاداي ئۆتۈدۈ،
دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ بۈگۈن مېنىڭ
پارچە‑پۇرات ئىشلىرىمغا ياردەملىشىپ بەر، ئەدەپ
دېگەن ئەنە شۇ» — دېدى.



ۋاڭداشېر ھەدە ئاتا-بالا ئىككىسىنى «تۇتۇپ
قىلىش» ئۈچۈن، ئىككىسىنى توختىماستىن ئۇنىڭغا-
بۇنىڭغا بۇيرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىشى تۈگۈ-
مىدى. شاڭفۇڭ ناھايىتى بىتاقەت بولدى ۋە ئانىسى يوق
ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئاتىسىغا بوش ئاۋاز بىلەن:
«مەن دۈيجاڭ. مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئېغىر، قانداقمۇ
ئۆيدە بىخىرامان ئۇخلىغىلى بولسۇن؟» — دېدى.



ۋاڭداشۇ تاغا قىزىغا: «ئاناڭنىڭ ھەيۋىسى چوڭ بولغان بىلەن، ئۆزى گول خوتۇن، مەن بىر ئامال قىلىپ سېنى ماگدۇرۇۋېتىمەن!» دېدى. دەل شۇچاغدا بۇ گەپلەرنى ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقان ۋاڭداشېر ھەدىمۇ ئاڭلاپ قالدى-دە، ئاچچىغىنى باسالماي: «مېنىڭ گول ياكى گول ئەمەسلىكىمنى قېنى بۇگۈن كۆرۈپ باقىسىلەر، مەنمۇ سىلەرنىڭ بىگىز ئاگلارنى كۆرۈپ باقاي» — دېدى.



شاڭفوڭ ئانىسىغا يالۋۇرۇپ: «ئانا بۈگۈن ئاخشام ناھايىتى ئالدىراش ئىشىمىز بار، ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز!» — دېدى. ئانىسى: «سەن سۇ ئامبىرى ياسايمەن دەپ كېچە-كۈندۈزلەپ جاپا تارتتىڭ، بۈگۈن ھارپا كۈنى ئوبدان دەم ئېلىۋالغىن» — دېدى-دە، قىزىنى ئەچكەركى ئۆيگە سۆرىدى.



ئۇ، شاكفۇگىنى ئىچكەركى ئۆيگە ئەكىرىپ
ئىشىكنى ئېتىپ قويدى. شاكفۇك «ئانا، ئىشىكنى ئەتمەك»
دېۋىدى ئانىسى ھەم مېھرىۋانلىق ھەم خاپىلىق بىلەن:
«نىمە ۋاقىرايسەن؟ پاتراق ئۇخلىغىن!» — دېدى.



ۋاڭداشېر ھەدە ئەمدى «دىققەت»نى ۋاڭداشۇ تاغىغا تاشلىدى.
ۋاڭداشۇ تاغا ئاستا چىقىپ كېتىش ئۈچۈن: «سېنىڭ غەمخورلىقىڭغا كوپ رەخمەت، ئىشقا بارغىلى قويمىساڭمۇ مەيلى، لېكىن ئىشقا رۇخسەتسىز چىقماي خاتالىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن بېرىپ رۇخسەت سوراپ كېلەي»—دېگەن باھانىنى تاپتى. ئەمما ۋاڭداشېر ھەدە ئۇنىڭ ھىلىسىنى ئاللىقاچان بىلىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇنۇمىغانىغا ئۇنۇماي پېشىغا ئېسىلىپ دەم ئالسەن دەپ تۇرۇۋالدى.



شاڭفۇڭ ئۆيگە سولۇنۇپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ
ئىچى تىت-تىت بولۇپ كەتتى. ئۇ، ناھايىتى ھارغان-
لىقى ئۈچۈن كاڭدا يېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تاتلىق
ئۇيقۇغا كەتتى.



كەچ سائەت 11 لەردە ۋاڭداشېر ھەدە چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئاستا ئىشىك ئالدىغا كەلدى، ئۆينىڭ ئىچى جىم-جىت ئىدى، ئىشىكنىڭ يورۇغىدىن قىزنىڭ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنلىگىنى كوردى-دە، ئۆيگە كىرىپ قىزىغا يوتقان يېپىپ قويدى ۋە ئاندىن خاتىر-جەم بولدى.



ئەممابۇنڭ بلەن شاڭفۇڭ ئويغۇنۇپ كەتتى. ئۇ يېرم كېچە بولۇپ قالغانلغنى ۋە ئوزننڭ ئويگە سولۇنۇپ قالغانلغنى كورۇپ ناهايتى بتاقەت بولدى. ئۇ بردنلا روجەكنڭ ئېتلمەي قالغانلغنى كورۇپ قالدى ـ دە، روجەكتن ئارتلپ چقپ كەتتى.




ئەرتىسى ئەتتىگەندە ۋاڭداشىر ھەدە قىزى ياتىدـ
غان ئۆينىڭ ئىشىگى ئالدىغا كېلىپ قىزىنى چاققان قوپۇپ
ھىيتلىق مەزە يېيىشكە قىچقاردى. بىر ھازاغىچە چاقىرىپ
ئاۋاز چىقمىغاندىن كېيىن: «بالا دېگەن بالادە، تا شۇـ
كەمگىچە قوپمىغىنىنى قارا» — دېدى. ئاتىسى: «سەن
ئۇنى ئۆيگە سولاپ قويدۇڭ، ئويغانغان بىلەنمۇ چىقالـ
مايدۇ، شۇڭا راسا ئۇيقۇغا چۆشكەندۇ!» — دېدى.



ۋاڭداشىر ھەدە ئىشىكنى ئېچىپ قارىۋىدى، ئۆيدە ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ:«قاراڭلا، بۇ شەيتان قىزنى!»— دەپ تېرىكتى. ۋاڭداشۇ كۈلۈپ: «مەن بارسۇن دەپ شۇنچە قىلسام سەن ئۇنىمىۋىدىڭ»— دېدى.



18. ۋاڭداشۇ تاغا شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «سەن رەنجىمىگىن، مەن ئۇنى قوغلاپ تۇتۇپ كېلەي» — دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، تالاغا ژۇگەردى. ۋاڭداشىيو ھەدە قانداق قىلسىمۇ توختۇتۇپ ئالالمىدى.



ۋاڭداشىر ھەدە بىردەم ئويلاپ تۇرۇپ، بىر سوۋەت توغاچنى ئالدىدى-دە، سۇ ئامبىرى تەرەپكە قاراپ كەتتى.



ۋاڭداشىر ھەدە بىر ئايلىنىپ چىقىپ، يول تاپالماي قالدى! بۇرۇن بۇيەر ئېگىز-پەس تاغ يولى ئىدى، ھازىر بۇ يەردە ناھايىتى كاتتا بىر سۇ ئامبىرى ۋۇجۇتقا كەپتۇ ...ئۇ قارىغانسىرى ئۇنىڭغا ئاجايىپ كۆرۈنەتتى، قارىغانسىرى ھەۋىسى كېلەتتى.



ۋاڭداشېر ھەدە يەنە ئالدىغىراق بېرىپ قارىدى، ئادەملەر خۇددى دېڭىزدەك دولقۇنلاپ تۇراتتى، 60 ياشتىكى قېرى بوۋايلار، چېچى ئاقارغان مومايلاردىن تارتىپ، 10 نەچچە ياشلىق قىزلارغىچە ھەممە ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن توپا توشۇۋاتاتتى، بۇنى كۆرۈپ ئۇ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى.




ۋاڭداشۇ تاغا خوشال ـ خوراملق بلەن بر ئەپكەش توپنى تاققا ئېلپ چقپ كېتىۋاتاتتى، ئارقا تەرەپـتن بر ئادەمنڭ قچقارغانلقنى ئاڭلاپ قالدى، ئارقسغا بۇرۇلۇپ قارىۋدى خوتۇنى ئكەن. ئۇ يەنە بر چاتاق چقمارمسۇن دەپ قورقۇپ ئاڭلمغانغا سېلپ مڭىۋەدى.



ۋاڭداشېر ھەدە ئېرىنىڭ توختىماي كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، ژۇگۇرۇپ باردى-دە، ۋاڭداشۇ تاغىنىڭ ئەپكىشىنى تۇتۇۋالدى ۋە شاڭفۇڭ نەدە دەپ سورىدى. ۋاڭداشۇ تاغا بېشىنىمۇ كوتەرمەستىن: «بىلمەيمەن، كورمۇدۇم» — دېدى.



ۋاڭداشىر ھەدە شاڭفۇگىنى ئىزدەپ ۋاڭداشۇ تاغىنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرى ھەممىسىنىڭ سۇ ئامبىرى ياساۋاتقانلىقى ئۇنى ناھايىتى تەسىرلەندۇردى! ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇ ئامبىرى پۈتكەندىن كېيىن 10 مىڭ مۇ يەرنى سۇغارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدى.



ئىش مەيداندىكى جىڭ شۇجى ۋاڭداشېر
ھەدىمۇ سۇ ئامبىرى ياساشقا كەلگەن بولسا كېرەك،
دەپ ئويلاپ قىزغىنلىق بىلەن: «ۋاڭداشۇ تاغا بىلەن شاڭ
فۇڭ سۇ ئامبىرى ياساشقا كەلدى، سىزمۇ كەپسىز،
ھەقىقەتەن شەرەپلىك ئائىلە بولدۇڭلا! مەرھەمەت!
مەرھەمەت!» — دېۋىدى، ۋاڭداشېر ھەدە تېخىمۇ ئوڭاي-
سىزلىنىپ كەتتى.



26. ۋاڭداشۇ تاغا شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، دەرھال
ژۇگورۇپ چىدىرغا باردى ـ دە شاڭفۇڭنى چاقىرىپ،
ئانىسىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى، نىمە ئىشى
بارلىغىنى بىلمەيدىغانلىغىنى ئېيتىپ، چاقىقان موكۇۋال
دېدى.




شاڭفۇڭ ئەمدىلا ئۇزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرۇشىغا ۋاڭداشېر هەدە كېلىپ قالدى. ۋاڭداشۇ تاغا ئۇيگە قايتقىن دەپ نېسىھەت قىلسىمۇ ئۇنىمىدى. ۋاڭداشۇ تاغا شاڭفۇڭنى ئېلىپ كېتىمەن دەمدىكىن دەپ قورقۇپ: «هەر قانداق گەپ بولسا ئۇيگە بېرىپ قىلىشايلى، بۇ يەردە باشقىلار ئاڭلاپ قالسا، سەت ئەمەسمۇ؟» — دېدى. ۋاڭداشېر هەدە: «نىمىسى سەت بولاتتى، سەن مېنى دەرهال دۇيجاڭنىڭ ئالدىغا باشلاپ بار» — دەپ تۇرۇۋالدى. بىرسى كەت دېسە، بىرسى كەتمەيمەن، دەپ تاكاللىشىپ قالدى.




شاڭفۇڭ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، ئۇ، تاقەت قىلالماي ژۈگرەپ چىقىپ، ئانىسىنىڭ نىمە ئۈچۈن دۈيجاڭنى ئىزدەيدىغانلىغىنى سورىدى. ۋاڭداشىر ھەدە دەرھال جاۋاپ بېرەلمىدى. شاڭفۇڭ ئانىسىغا قايتىپ كېتىڭ دېۋىدى، ئۇ، ئۇنىمىدى، ۋاڭداشۇ تاغىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ: «قايتمامسەن، تازا قالاق ئىكەنسەن» — دەپ تىللىۋەتتى. ۋاڭداشىر ھەدە: «سەن كىشىگە بىر تەرەپلىمە قارىما! مەن ساڭا شۇنى ئېيتايكى، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە سۇ ئامبىرى ياساشقا قاتنىشمەن» — دېدى. كىم بىلسۇن، ۋاڭداشىر ھەدىمۇ سۇ ئامبىرى ياساشقا بەل باغلىغان ئىكەن.

書號:2178(4)490
关不住的姑娘 (維吾尔文)
胡小孩　沈嗣安原作 阿章改編　盛此君繪

民族出版社翻譯出版 地址:北京安定門外和平东路
北京市書刊出版業營業許可證出字第047號
中央民族印刷厂排版　北京市印刷四厂
新华書店发行
1959年6月北京第一版　1959年6月北京第一次印刷
787×1092公厘1/48　印張5/8　印數:1—5,800冊

統一書号: M8049・維145　定價:0.08元

تۇتۇق بەرمەيدىغان قىز

ئەسلى ئاۋتورى: خۇشاۋخەي
ئۆزگەرتكۈچى: ئاجاڭ
رەسسام: شىڭ سىجۈن

باھاسى: 0.08 يۈەن.